شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

2020 ـ يىل 7 ـ ئاي
1
چارشەنبە
维吾尔文 7月1日

新疆日报网：www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65－0002/－W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25109 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىش، ئاچقۇچنى تۇتۇپ، ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 14 ـ قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى ئاساسلىق نىشان ـ ۋەزىپىلەرنى غەلىبىلىك تاماملاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، پۇرسەتنى تۇتۇپ ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلاشتا، جەزمەن ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتقا تايىنىپ ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىپ، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىش، نىشان يېتەكچىلىكى ۋە مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ھەم كۈچ يىغىش، كۈچ توپلاش، كۈچ ئىشلىتىشقا ماھىر بولۇپ، ھەم ئۆزگىرىشنى تونۇش، ئۆزگىرىشكە ئىنتىلىش، ئۆزگىرىشكە يۈزلىنىشكە ماھىر بولۇپ، ئاچقۇچنى چىڭ تۇتۇپ، ئىزدىنىشكە پائال ئىلھام بېرىپ، ئىسلاھاتنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىسلاھاتنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى چوڭ ۋەزىيىتىگە تېخىمۇ ياخشى مۇلازىمەت قىلىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ يىغىنغا قاتناشتى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ 21 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى

يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن «يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش» توغرىسىدا 21 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەشكىلىي قۇرۇلۇش پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم ئاساسى. پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيەنىڭ سىياسىي لۇشيەنى ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىدۇ. بىزنىڭ پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەت ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش، ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاش، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشى كېرەك. يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنى ئىلمىي مىزان بىلەن تەمىنلىدى، پارتىيەنىڭ ئىجادچانلىقى، ئۇيۇشچانلىقى، جەڭگىۋارلىقىنى كۈچەيتىشنى مۇھىم كاپالەت بىلەن تەمىنلىدى. بىز قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيە رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۈزلۈكسىز ھالدا پارتىيەنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، كۈچلۈك قىلىپ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك.

مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باش كاتىپى يولداش خۇ جىنچى بۇ مەسىلىنى چۈشەندۈردى، پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: يەنە ئىككى كۈن ئۆتسە، پارتىيەمىز قۇرۇلغانلىقىغا 99 يىل بولغان كۈن بولىدۇ. بۇ قېتىمقى مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بىيۇروسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئورۇنلاشتۇرۇش، ھەم پارتىيەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيدىغان بىر قېتىملىق مۇھىم پائالىيەت، ھەم پۈتۈن پارتىيەنىڭ تونۇشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي لۇشيەنىنى ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇش ئۈچۈندۇر. شى جىنپىڭ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىغا ۋاكالىتەن پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ بايرىمىنى قىزغىن تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەنىڭ تارىخى شۇنى بىلدۈردىكى، قايسى ۋاقىتتا توغرا تەشكىلىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇلغان بولسا، پارتىيە تەشكىلى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى، پارتىيە ئىشلىرى ئوڭۇشلۇق ئالغا سىلجىتىلدى؛ قايسى ۋاقىتتا تەشكىلىي لۇشيەندە ئېغىش يۈز بەرگەن بولسا، پارتىيە تەشكىلى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى، پارتىيە ئىشلىرىدا ئوڭۇشسىزلىق كۆرۈلدى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى پارتىيەنىڭ تەشكىلىي قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىپ، پارتىيەنىڭ ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ تەشكىلىي سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش، ئادەم تاللاش ـ ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، پارتىيە ئىچىدىكى سىياسىي تۇرمۇش ۋە تەشكىلىي تۇرمۇش تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇش قاتارلىق تەرەپلەردە بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىرلەرنى قوللاندى، ھەم پارتىيەنىڭ نەزەرىيەسى بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، پارتىيەنىڭ ئىنتىزامىنى چىڭىتىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ فۇدەن داشۆدىكى ياش ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچى پارتىيە ئەزالىرىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى رىغبەتلەندۈردى

ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىش، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا فۇدەن داشۆ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» كۆرگەزمە سارىيىنىڭ پارتىيەلىك پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىكى بارلىق ئەترەت ئەزالىرىغا جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارنى غايە ـ ئېتىقاد توغرىسىدىكى ھېكايىلەرنى داۋاملىق ياخشى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈردى ھەم پۈتۈن مەملىكەتتىكى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ ياش پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان سەمىمىي ئۈمىدىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

شى جىنپىڭ قايتۇرغان جاۋاب خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: 100 يىل ئىلگىرى، يولداش چېن ۋاڭداۋ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ تۇنجى جۇڭگو تىلىدىكى تولۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىپ، زور تۈركۈم ئىرادىلىك كىشىلەرنى كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

جاۋاب خەت

فۇدەن داشۆ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» كۆرگەزمە سارىيىنىڭ پارتىيەلىك پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتىدىكى بارلىق يولداشلار:

خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. 100 يىل ئىلگىرى، يولداش چېن ۋاڭداۋ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»نىڭ تۇنجى جۇڭگو تىلىدىكى تولۇق تەرجىمە نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلىپ، زور تۈركۈم ئىرادىلىك كىشىلەرنى كوممۇنىزملىق ئۇلۇغۋار غايە تىكلەش، مىللىي ئازادلىق، گۈللەندۈرۈش ئىشلىرىغا ئاتلىنىشقا يېتەكلەشتە مۇھىم رولنى جارى قىلدۇردى. ھازىر سىلەرنىڭ پېشقەدەم مەكتەپ مۇدىرى يولداش چېن ۋاڭداۋنىڭ ھەقىقەت ئىزدەش ھېكايىسىنى پائال تەشۋىق قىلىپ، ماركسىزم نەزەرىيەسىنى تارقىتىشىڭلار ناھايىتى ئەھمىيەتلىك بىر ئىش. سىلەرنىڭ داۋاملاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرۇشۇڭلارنى، تېخىمۇ ياخشى قىلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

قەلبتە ئىشەنچ بولغاندا، يىراققا يۈرۈش قىلغىلى بولىدۇ. كەلگۈسىگە يۈزلىنىپ، يېڭى دەۋرنىڭ ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىش ئۈچۈن، بىز غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىش، قەتئىي ئىرادە باغلاپ جان تىكىپ كۈرەش قىلىشقا تېخىمۇ ئېھتىياجلىق. كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ياش پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ماركسىزم نەزەرىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىشكە بىرلەشتۈرۈپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش، ئۆزلەشتۈرۈش داۋامىدا غايە ـ ئېتىقادنى چىڭىتىپ، جاسارەت بىلەن نەتىجە يارىتىش داۋامىدا ئەسلىي مەقسەت ـ بۇرچنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، تىرىشىپ «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ
2020 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

«شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومى جۇڭگو تىلى، ئىنگلىز تىلى نۇسخىسىدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى مەركىزىي كومىتېت تەشۋىقات بۆلۈمى (گوۋۇيۈەن ئاخبارات ئىشخانىسى) مەركىزىي كومىتېت پارتىيە تارىخى ۋە ھۆججەت ماتېرىيال تەتقىقات يۇرتى، جۇڭگو چەت ئەل تىل ـ يېزىق نەشرىياتچىلىق ـ تارقىتىش ئىشلىرى ئىدارىسى بىلەن بىللە تەھرىرلىگەن «شى جىنپىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىش توغرىسىدا»نىڭ 3 ـ تومى يېقىندا چەت ئەل يېزىق نەشرىياتى تەرىپىدىن جۇڭگو تىلى، ئىنگلىز تىلى نۇسخىسىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ـ سىرتىغا تارقىتىلدى.

پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدا شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى پارتىيە جەزمەن ئۇزاققىچە چىڭ تۇرىدىغان يېتەكچى ئىدىيە قىلىپ بېكىتىلدى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلدى، 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 1 ـ يىغىنىدا بۇ مۇھىم ئىدىيە ئاساسىي قانۇنغا كىرگۈزۈلۈپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى ئىشقا ئاشۇرۇلدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

«ئىزدىنىش» ژۇرنىلىدا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ

«ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى تېلېگراممىسى 7 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى نەشر قىلىنىدىغان «ئىزدىنىش» ژۇرنىلىنىڭ 13 ـ سانىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ ««ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خۇلاسە يىغىنىدا قىلىنغان سۆز» ناملىق مۇھىم ماقالىسى ئېلان قىلىنىدۇ.

ماقالىدە مۇنداق تەكىتلەندى: پارتىيەمىز 100 يىللىق چوڭ پارتىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن، باشتىن ـ ئاخىر خەلقنىڭ ھىمايىسىگە

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

پارتىيە بايرىقى تىيانشاندا نۇر چاچتى

6 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرى تىيانشان رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمىدىن ياشلار يولى تەۋەلىك رايونى باشقۇرۇش كومىتېتى ۋۇشىڭ يولى غەربىي مەھەللىسىدە تۇرۇشلۇق «ئەلرايىنى بىلىش، ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش، ئەلنى مايىل قىلىش» خىزمەت ئەترىتى «پارتىيە بايرىقى تىيانشاندا نۇر چاچتى» باش تېمىلىق پارتىيە كۈنى پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى قىزىل تەربىيە بازىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ، پارتىيەگە كىرىش قەسىمىنى تەكرارلاشقا تەشكىللىدى.
□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى رۇي فوتوسى

خەلق گېزىتى
باش ماقالىسى

خەلقنى مەڭگۈ ئەڭ يۇقىرى ئورۇنغا قويايلى

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 99 يىللىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمىز

گۈللىنىش ئىرادىسىنى چىڭىتقۇرۇش ساپ قەلبنى مەڭگۈ ساقلاش

— جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 99 يىللىقى پەيتىدە

>> 2 ـ بەتتە

13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 20 ـ قېتىملىق يىغىنىدا شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش قانۇنى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى

شى جىنپىڭ رەئىس بۇيرۇقى ئىمزالاپ ئېلان قىلدى

>> 2 ـ بەتتە

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسى نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ ئۆگىنىشنى ئۆتكۈزدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لى ياڭ** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ 2020 ـ يىلى 5 ـ قېتىملىق نەزەرىيە ئۆگىنىش مەركىزىي گۇرۇپپىسىنىڭ كوللېكتىپ

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **جاۋ جيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق ياشانغانلار خىزمىتى كومىتېتى ئومۇمىي يىغىن ئاچتى. يىغىندا باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ياشانغانلار خىزمىتىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى مۇھىم

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)